# ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار. لېكىن ئاللاھ تائالا خالىسا ئاندىن پالانى خالىسا دەڭلار

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار. لېكىن ئاللاھ تائالا خالىسا ئاندىن پالانى خالىسا دەڭلار»
[صحيح بمجموع طرقه] [رواه أبو داود والنسائي في الكبرى وأحمد]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان سۆز قىلغاندا :«ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىدى. ياكى ئاللاھ تائالا خالىسا ۋە پالانى: بۇنداق بولىشى: ئاللاھ تائالانىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسى مۇتلەق بولۇپ ئۇنىڭغا ھېچ كىم شېرىك بولالمايدۇ. كېيىنكى جۈملىنى باشتىكى جۈملىگە ئۇلاشتا«ۋاۋ» ھەرپىنى ئىشلەتكەندە، كېيىنكى جۈملىدىكى بىر شەخسنى باشتىكى جۈملىدىكى ئاللاھ بىلەن شېرىك قىلىش ۋە ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىشنى تەقەززا قىلىپ قويىدۇ. لېكىن ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭدىن كېيىن پالانى خالىسا دېيىش بولىدۇ. بەندىنىڭ خالىشىنى ئاللاھنىڭ خالىشىغا ئەگەشتۈرۈشتە «ۋاۋ» ھەرپىنى ئىشلەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «سۇممە» ھەرپىنى ئىشلەتكەندە، ئۇ ئەگىشىپ كېلىش ۋە كېيىن كېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3352

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee